# مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدى تەرىپىدە، ئىككى پۇتۇمنى قىبلىسى تەرىپىگە سۇنۇپ ئۇخلايتتىم، سەجدە قىلغان ۋاقىتتا پۇتۇمنى نوقۇپ قوياتتى، مەن پۇتۇمنى يىغىۋالاتتىم، سەجدىدىن تۇرغاندا پۇتۇمنى سۇناتتىم، ئۇ كۈنلەردە ئۆيلەردە چىراغلار يوق ئىدى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدى تەرىپىدە، ئىككى پۇتۇمنى قىبلىسى تەرىپىگە سۇنۇپ ئۇخلايتتىم، سەجدە قىلغان ۋاقىتتا پۇتۇمنى نوقۇپ قوياتتى، مەن پۇتۇمنى يىغىۋالاتتىم، سەجدىدىن تۇرغاندا پۇتۇمنى سۇناتتىم، ئۇ كۈنلەردە ئۆيلەردە چىراغلار يوق ئىدى»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيتتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۇخلايتتىم، ئۆيلىرىمىز تار بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامدا تۇرغان ۋاقىتتا ئىككى پۇتۇمنى قىبلە تەرىپىدە، سەجدە قىلىدىغان جايىغا سۇنۇپ ياتاتتىم، سەجدە قىلىدىغان ۋاقىتتا پۇتۇمنى نۇقۇپ قوياتتى، مەن پۇتۇمنى يىغىۋالاتتىم. ئەگەر ئۇنى سەجدە قىلىدىغان ۋاقىتتا كۆرگەن بولسام، ئەلۋەتتە پۇتۇمنى نۇقۇشتىن ئىلگىرى يىغىۋالغان بولاتتىم، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، نوقۇغۇزماي پۇتنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىمىزدە چىراقلار يوق ئىدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee